ULUSLARARASI TÜRK LEHÇE ARAŞTIRMALARI DERGİSİ (TÜRKLAD), 3. CİLT, 2. SAYI, 2019, 248-256. s., TÜRKİYE

# شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنبەلەردە بەزى ئۇچۇرلارنىڭ خاتا ياكى كام بېرىلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مىسال- ئەخمەت كامال ھەققىدىكى ئۇچۇرلار

*Raile ABDULVAHİT KAŞGARLI**


## قىسقارتىلما

شەرقىي تۈركىستاندا نەشر قىلىنغان بەزى مەنبەلەردە ئەخمەت كامال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلارنىڭ توغرا بېرىلمىگەنلىكى بايقالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشى ھەققىدە بېرىلگەن ئۇچۇرلارنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى سەۋەپلىك، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى تارىخىدا تۇتقان ئورنى، تازا ئېنىق بولمىدى. بۇ ماقالىدا ئەخمەت كامالنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى، تولۇق ياكى توغرا بېرىلمىگەن ئۇچۇرلارنىڭ قايسى ئۇچۇرلار ئىكەنلىكىنى، بۇ خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇش سەۋەپلىرىنى ۋە مۇشۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىشقا تىرىشىمىز. مەزكۇر ماقالىدا، مەتبۇئاتلاردا بېسىلغان ۋە تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا، سېلىشتۇرۇش ۋە تەھلىل قىلىش مېتودى ئىشلىتىلگەن. خاتا ئۇچۇرلارغا بىر مىسال كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇچۇرلارنىڭ توغرا ۋە تولۇق بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش، ئۇچۇر مالىمانچىلىقى مەسىلىسىگە بولغان دىققەت-ئېتىبارنى قوزغاش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: ئەخمەت كامال، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى، ئۇچۇر مالىمانچىلىقى


# DOĞU TÜRKİSTAN’DAKİ KAYNAKLARDA BAZI BİLGİLERİN YANLIŞ VEYA EKSİK VERİLMESİYLE İLGİLİ BİR ÖRNEK-AHMET KEMAL HAKKINDAKİ BİLGİLER


## Özet

Doğu Türkistan’da yayımlanan bazı kaynaklarda, Ahmet Kemal ile ilgili bazı bilgilerin doğru olarak yer almadığı tespit edilmiştir. Ayrıca bu kişi hakkında verilen bilgilerin tam olmaması nedeniyle, onun Uygur millî eğitim tarihindeki yeri de netliğe kavuşmuş değildir. Çalışmada; Ahmet Kemal’in hayatı kısaca tanıtıldıktan sonra, Doğu Türkistan’daki kaynaklarda dile getirilmesinin nedenleri, doğru veya tam verilmeyen bilgilerin hangi bilgiler olduğu, bu yanlışların ortaya çıkış nedenleri ve bu gibi yanlışların önüne geçmek için neler yapılması gerektiği kısaca açıklanmaya çalışılacaktır. İşbu yazıda, konuyla ilgili basılı kaynaklara yönelik içerik karşılaştırma ve analiz yöntemi uygulanmıştır. Amaç, yanlış bilgiler doğrultusunda gösterilen bir örnek aracılığıyla, bilgilerin doğru ve tam verilmesinin önemini vurgulamak ve bilgi kirliliği meselesine dikkat çekmektir.

**Anahtar Kelimeler**: Ahmet Kemal, Uygur Millî Eğitimi, Bilgi Kirliliği


# AN EXAMPLE REGARDING INABILITY OF PROVIDING SOME EXACT AND COMPLETE INFORMATION IN SOURCES IN EAST TURKESTAN INFORMATION ON AHMET KEMAL


## Abstract

It has been detected that some information regarding Ahmet Kemal was not provided right and exact in some resources published in East Turkestan. Furthermore, the place of this person in the history of Uyghur national education is not clear due to the lack of the information provided regarding Ahmet Kemal. In the study, life of Ahmet Kemal will be introduced in short,


* Doç. Dr., İstanbul Üniversitesi Edebiyat Fakültesi Çağdaş Türk Lehçeleri ve Edebiyatları Bölümü, el-mek: railekasgarli@gmail.com

ORCİD ID: https://orcid.org/0000-0003-1905-2022

the reasons behind uttering him in the resources in East Turkestan, the wrong or lacking information, the reasons behind arising of such mistakes and the measures to be taken to prevent such mistakes will be indicated. In this paper, content comparison and analysis methods regarding printed resources have been used concerning the matter. The purpose of the paper is to emphasize the importance of providing exact and complete information through an example shown in terms of misinformation and attract attention to info-pollution.

**Key Words:** Ahmet Kemal, Uyghur National Education, İnfo-Pollution.

## كىرىش

شەرقىي تۈركىستان، سىياسىي جەھەتتىن جۇڭگو (خىتاي دۆلىتى) نىڭ مۇستەملىكىسىدە ۋە باشقۇرۇش دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن خەرىتىدە بۇ دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىچىدە كۆرسىتىلگەن، ھۆججەتلەردە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ يېزىلغان، لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىۋاتقان قەدىمىي تۈرك[1] يۇرتىدۇر. ھازىر بۇ جايدا ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تاتار، سالۇر قاتارلىق تۈرك قەۋمىگە مەنسۇپ خەلقلەر بىلەن بىرگە، بۇ قەۋمگە مەنسۇپ بولمىغان باشقا مىللەتلەرمۇ ياشىماقتا. شەرقىي تۈركىستاندا 1949-يىلى % 7.5 نىسپىتىدىكى خەن (خىتاي) مىللىتىنىڭ نوپۇسى ھازىر % 40 كە يەتكەن، شۇ يىلى % 75 بولغان ئۇيغۇر نوپۇسى ھازىر % 46 كە چۈشۈپ قالغان (داغچى، كەسكىن 2013: 26).

جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق مۇستەملىكە قىلىشى، 1949-يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان. جۇڭگونىڭ 1950- يىلدىن ئېتىبارەن «يەر ئىسلاھاتى» بىلەن باشلىغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «پانتۈركىزمغا قارشى تۇرۇش»، «پانئىسلامىزمغا قارشى تۇرۇش» قاتارلىق پەرقلىق ئىسىم ۋە رامكىلار ئاستىدا جارى قىلدۇرۇلۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئىسىملىك ھەرىكەت بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. چۈنكى بۇ سىياسىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا، ئاۋۋال ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك تۈرك خەلقىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئاندىن مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى چەتكە قېقىپ، بۇ خىل ھىس-تۇيغۇغا ئىگە بولۇشنىڭ خاتالىق ۋە گۇناھكارلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراشقا كۆندۈرۈش، زىيالىيلارنى كوللىكتىپ ھالدا جازالاش ۋە يوقۇتۇش، قەدەممۇ قەدەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلىيلەشكەن. جۇڭگونىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ كۈچلىنىشى بىلەن پاراللېللىك كۆرسىتىپ، بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ قەبىھ ۋە تېخىمۇ ۋەھشى بىر تۈس ئالدى.

جۇڭگو، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى «تېرورىزمغا قارشى كۆرەش»، «ئىككى يۈزلىمىچىلىككە قارشى كۆرەش»، «يىغىۋېلىش لاگىرى»، «قايتا تەربىيەلەش لاگىرى» دېگەن ئىسىملار بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىگە قاراتقان ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى، ھەم دۆلەت ئىچىدە ئۆز پۇقرالىرىغا ھەم خەلقئارا جامائەتچىلىككە، قانۇنلۇق، ھەقلىق ۋە پايدىلىق بىر سىياسەت قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا. ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي تىز پۈكتۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئۇلارنىڭ كىملىكىنى يوقۇتۇۋېتىشتە ئىزدىگەن جۇڭگو، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي كىملىكى بىلەن تۈركلۈك (ئۇيغۇرلۇق) كىملىكىنى يوقۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنى چەكلەش، مىللىي مائارىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، زىيالىيلارنى كومپارتىيەنى ھىمايە قىلسۇن ياكى ھىمايە قىلمىسۇن قاراقويۇق تۇتقۇن قىلىش، بالىلارنى ماڭقۇرت[2] قىلىپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق پىلان-پروگراممىلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا، ئومۇميۈزلۈك ۋە ھەددىدىن تاشقىرى شوۋىنىزملىق ئىدىلوگىيە بىلەن يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1949- يىلدىن بۇرۇن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى نادان قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەن (جېڭ 2003: 11-16؛ئەزىزى، 1990: 131-132) بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستاننى جۇملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئالالمىغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستانلىقلار، ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ 1933–يىلى (رېن، ھوشۇر 2014: 156) ۋە 1944- يىلى (رېن، ھوشۇر 2014: 165) مۇستەقىل دۆلەت قۇرالىغان، ئۆزلىرىنىڭ كۈچى بىلەن مىللىي مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ئىدى (تالىپ 1990: 69-108).

جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسىتىنىڭ نىشانى، ئۆزىگە ئوخشىمىغان خەلقلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش بىلەن بىرگە ئەسلىي نىشانى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەرپكە يېيىلىش ۋە «بىر بەلۋاغ

[1] «تۈرك» كېلىمەسى ئادەتتە ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. 1) تار مەنىدە: ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ پۇقرالىرىنى ۋە بۇ ئىمپېرىيەنىڭ چۆكۈش باسقۇچىدا ئىمپېرىيەگە قاراشلىق مەركىزىي جۇغراپىيىلىك ئورۇندا قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىنى كۆرسىتىدۇ. 2) كەڭ مەنىدە: تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان ۋە 19-ئەسىردە سىياسىي كۈچىنى ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى تارتقۇزۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاتار، يۇغۇر، سالۇر دېگەنگە ئوخشاش پەرقلىق بوي ئىسىملىرىنىڭ مۇمكىنقەدەر گەۋدىلەندۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، رۇسىيە ۋە خىتتاي قاتارلىق ئىستىلاجى دۆلەتلەر تەرىپىدىن «ئايرىم مىللەت»، «ئازسانلىق مىللەت» دەپ ئاتالغان خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

[2] ماڭقۇرت: داڭلىق يازغۇچى چىنگىز ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئومۇملاشقان بىر تېرىم بولۇپ، «ئەسلىدىن تانغان، دۈشمىنى ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتى بىلەن ئىشلەيدىغان ۋە ئىش- ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە، ئۆز خەلقىغە قانچىلىك ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايدىغان، مەنىۋى جەھەتتىن قۇللۇقنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغان كىشى »دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بىر يول» ئىش پىلانىنى ئوڭۇشلۇق توگىتىپ، دۇنياغا ھاكىم بولۇشتۇر. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان چېگرىداش تۈرك دۆلەتلىرى، جۇڭگونىڭ غەربكە ئېچىلغان بىر ئىشىكى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ستراتېگىيەلىك خامماددا بازىسى بولۇش بىلەن بىرگە ماللىرىنىڭ بازارغا سېلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋە ئىقتىسادىي، ئېنېرگىيە، چېگرا جەھەتلەردىكى بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ (ئەكرەم 2011: 66). مۇشۇ ۋەجىدىن جۇڭگو، شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىر تەرەپتىن بۇ رايوندىكى خەن (خىتاي) نوپۇسىنى كۆپەيتىشكە كۈچەۋاتقان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك ئىرقىغا ئائىت نوپۇسنى ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن يوقۇتۇپ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئاسسىملياتسىيەگە قارىتا تاقابىل كۆچ بولۇپ قوغدىلىنىپ كېلىنىۋاتقان پۈتۈن مىللىي قىممەتلەرنى سۆپۈرۈپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلماقتا.

ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مائارىپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى جۇڭگو ئۆزىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە قانۇنىدا يەرلىك خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مائارىپىنى يولغا قويۇش، ئۆزىنىڭ تىلىدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھەق-ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى يازغان بولسىمۇ ( دوۋېير 2005: 35 ) ئەمىلىيەتتە بۇ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلمايلا قالماستىن قانۇندا يېزىلغانلارنىڭ دەل ئەكسىنى قىلىپ كەلمەكتە. 1986-يىلى باشلىغان ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» پىكرى ۋە بۇ پىكرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە 1992-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تەجرىبە سىنىپلىرى قۇرۇلدى. 2002-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دەرسلەرنىڭ خەنچە بېرىلىدىغانلىقى قارارلاشتۇرۇلدى. (دوۋېير 2005 : 34، 40) . 2008-يىلى بولسا ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ»، تۈنجى قېتىم «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»غا كىرگۈزۈلۈپ، مەجبۇرىي ھالدا يەسلىلەردىن باشلىنىدىغانلىقى (www.npc.gov.cn) قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 2013-يىلدىن باشلاپ يەسلىدىن ئۇنىۋېرسىتېتلەرگىچە خەنچە مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

داڭلىق تاتار زىيالىي ئىسمائىل گاسپىرنىسكىي باشلاتقان جېدىتچىلىك ھەرىكىتى ( توكەر 2004: 33)، پۈتۈن تۈركىستاندا ئويغىنىش ۋە ئاقارتىش ھەركىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىشىغا باشلامچى بولغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيالىيلار، نادانلىقتىن ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئىستانبۇل، قازان ۋە ئۇفادىن دەۋەت قىلىنغان ئەخمەت كامال قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ (قارلۇق 2009 : 294) ياردەملىرى بىلەن، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆچ چىقارغان.

يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە ئېغىر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنەۋىي بېسىم ئاستىدا، بىر تەرەپتىن ھاياتىنى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئاساسى بولغان ئۆزلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تىل، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردە، چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئەسەرلەر يېزىپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. شۇڭا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر مەكتەپلەردە دەرس قىلىپ ئۆگىتىلمىسىمۇ، كىشلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق كىتاپ- ژورناللارغا بېسىلىپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈلمەكتە. لېكىن، مەيلى گومىنداڭ مۇستەملىكىسىدىكى يىللار بولسۇن، مەيلى كومپارتىيە مۇستەملىكىسىدىكى يىللار بولسۇن، ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ زورىيىشىغا، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىغا، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىلىم بىلەن قوراللىنىپ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش تەرەققىي قىلىشىغا ھەر خىل چارە-تەدبىرلەر بىلەن قارشى تۇرۇلغان ۋە پەرقلىق شەكىلدە توسالغۇلار ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىلىم-پېنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى رۇخسەت بەرگەن دائىرەدە تەرەققىي قىلالىدى. ئۇچۇر ۋە بىلىمگە ئېرىشىش، ۋەقە ۋە ھادىسەلەردىن خەۋەردار بولۇشمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى سىزىپ بەرگەن سىزىقنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەخمەت كامال ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار، ئومۇمىي ئەھۋالغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر دېتال سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 1. ئەخمەت كامالنىڭ ھاياتى

ئەخمەت كامال، 1889 - يىلى ئوسمانلى زېمىنىدىكى ئارال شەھەر رودوستا تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ ئېتى يۈسۈپ، ئاپىسىنىڭ ئېتى زېكىيە بولۇپ، بىر قىز ئۈچ ئوغۇل جەمئىي تۆرت بالىنىڭ كەنجىسى ئىدى. بالىلىق دەۋرى ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن. ئون ئالتە يېشىدا ئەدلىيەدە كاندىدات كاتىپ بولۇپ ئىشلەشكە باشلىغان. ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئىمتاھان بەرگەن ۋە لاياقەتلىك بولغان. شۇنىڭ بىلەن سۆمبەكى دەپ ئاتىلىدىغان ئارالدىكى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى باشلانغان. ئۇ، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ئەسكەرلەرگە دەرس بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى مىللىي روھ بىلەن تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتى مۇشۇ ئارالدا باشلانغان. ئەخمەت كامالنىڭ شېئىرلىرى «مەكتەپلىك» دېگەن گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ( ئىلقۇل 1962: 1-40).

1911 - يىلى ئىمتاھان بېرىپ، ئىستانبۇلغا يۆتكەلگەن ۋە ئاقسارايدىكى «رەھبەرى ئىتتىھادى ئوسمانى» دېگەن مەكتەپتە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تارىخ ۋە تۈرك تىلى دەرسى بەرگەن. ئۆزى «ئاپتاپ» ئىسىملىك ئەدەبىي ژورنال چىقارغان. «ھەق» ئىسىملىك گېزىتتە ئىشلىگەن. تىرىشچانلىقى، ئەستايىدىللىقى ۋە قابىلىيىتى ئارقىلىق « ھىلالى ئوسمانى» دېگەن گېزىتنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرى مۇدىرى بولغان. گېزىتتىكى ئىشلىرى بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن بىر مەزگىل ئايرىلغان بولسىمۇ، بۇ كەسىپنى قىزغىن سۆيگەچكە، كېيىنچە ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمئىيىتىنىڭ بېشىكتاش رايونىدىكى مەكتىپىدە تۈرك تىلى دەرسلىرىنى بەرگەن. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىر ۋەكىلى بولغان. ئەخمەت كامال ئىستانبۇلدا، تۈرك مىللىي روھىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسچىسى زىيا گۆكئالپ بىلەن تونۇشقان. زىيا گۆكئالپنىڭ ئىدىيىسى،

ئەخمەت كامالغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەخمەت كامال يەنە شەرقىي تۈركىستاندىن تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ياشلاردىن مەسئۇت سەبرى بايقۇزى، تۇرسۇن ھەسەن، سابىت قاتارلىق كىشىلەر بىلەنمۇ تونۇشقان. ئەخمەت كامال 23-24 ياش ۋاقىتلىرىدا، مۇھىم ئىشلارنى قىلىدىغان، ئىشەنچلىك ۋە تونۇلغان بىر كىشى بولۇپ قالغان.

مۇسابايلار ئائىلىسىدىن بولغان ئۇبۇلھەسەن ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ھەجدىن قايتاشىدا ئىستانبۇلغا كەلگەن. تەلەت گېنېرال ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە بىر ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئوقۇتقۇچى ئەخمەت كامال ئىدى. ئەخمەت كامال ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى سورالماستىن بېرىلگەن بۇ قارارغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆزىدىنمۇ بەكرەك قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلغان. زىياگۆكئالپ بىلەن تەلەت گېنېرال، بىلىم بىلەن بىرگە مىللىي ھىس تۇيغۇلارنىڭمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەخمەت كامالنى قايىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت كامال ھەجدىن يانغان ھاجىلار بىلەن بىللە شەرقىي تۈركىستانغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ( ئىلقۇل 1955: 8-24).

ئەخمەت كامال ساياھەتچى سۈپىتىدە بېرىش مەقسىدىدە 1914-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى ئىستانبۇلدىن پاراخوت بىلەن يولغا چىققان. 1914-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن (ئىلقۇل 1955: 24، 38) . شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى ئاتۇشتا «دارۇلمۇئەللىمىنى ئىتتىھات» ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ئېچىلىپ، ئەخمەت كامال مۇدىر بولغان (ئىلقۇل 1997: 17) . بۇ مەكتەپ، 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان پېداگوگىكا مەكتىپىدۇر. بۇ مەكتەپنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا «ھەبىبزادە دارۇلمۇئەللىمىن مەكتىپى» دەپ ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ چاغلاردا ئەخمەت كامالنىڭ سۇلالە ئېتى ھەبىبزادە ئىدى. 1934 –يىلى تۈركىيەدە تەگئات (پەمىلە) قانۇنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، «ئىلقۇل» دېگەن تەگئاتنى ئالغان.

ئەخمەت كامال جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە جەمئى 6 يىل 4 ئاي تۇرغان بولۇپ، بۇ ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردە 1 - قېتىم 75 كۈن، 2- قېتىم 20 كۈن ، ئۈرۈمچىدە 2 يىل (كامال 1925: 63، 75، 133)، شاڭخەيدە 6 ئاي زىندانغا سولانغان. 1920-يىلى يازدا ئىستانبۇلغا ساق سالامەت قايتىپ كەلگەن (ئىلقۇل 1955: 167، 169، 231). 1966-يىلى 5-ئاينىڭ 22 – كۈنى ۋاپات بولغان (ئىلقۇل 1997: 18).

## 2. ئەخمەت كامالنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەپلەر

ئەخمەت كامال قۇرغان ۋە مۇدىر بولۇپ خىزمەت قىلغان مەكتەپ، 20-ئەسىر ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. ھۆكۈمەتكە سېتىلغان مىللىي خائىنلارنىڭ سەۋەبىدىن، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ توسالغۇغا ئۇچرىغان. ئۆمەر ئاخۇنباي باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلار ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ يېڭى بىخلىرىغا پالتا چېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا، ۋەتەنپەرۋەر مۇسابايلار، يېڭى مائارىپنى ھەم ماددىي ھەم مەنىۋىي جەھەتتىن ھەر دائىم قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. ئەخمەت كامال خائىنلەر ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن، «كۆزدىن يوقۇتۇلۇشى كېرەك بولغان چەتئەللىك» دەپ قارالغان. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا يېڭىلىق ئېلىپ كەلگىنى ئۈچۈن، «دىنسىز ۋە ئىسيانچى» دەپ ئەيىپلەنگەن. ئۇ، ئىسىل ئەخلاق پەزىلىتى، قىيىنچىلىقلارغا تىز پۈكمەس روھى، كەسپىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسى، قابىلىيىتى، ياردەمسۆيەرلىگى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، بىلىمگە تەشنا كۆڭۈللەردە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان، ئوقۇغۇچىلارنى مىللىي روھ بىلەن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن بىر مائارىپچىدۇر. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ بايراقدارى، ئۈلگىسى ۋە سىمۋولى مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى، ئەخمەت كامالنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان(سېيىت قاتارلىقلار 1997: 37، 38).

ئەخمەت كامال، يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ۋە خەلقنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە زىندانغا سولانغاندىمۇ گېزىت چىقارغان. بۇ گېزىت چىقىرىش ئىشىدا ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ۋە گېزىتنىڭ داۋاملىق چىقىرىلىشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغان بۇرھان شېھىدى، بۇ ھەقتە ھېچنەرسە يازمىغان. ما داجېڭ بىلەن شۇ جىيەنيىڭ يازغان « ‹شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى› خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى» دىگەن كىتاپتا، ئەخمەت كامالنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ‹ئىككى پان› (پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم) ئىدىيىسىنى مائارىپ ئارقىلىق سىڭدۈرگەنلىكى، شۇڭا ياڭ زېڭشىڭنىڭ ئۇنى زىندانغا سولاتقۇزغانلىقى، ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەكتەپ ئېچىشنى مەنئى قىلغانلىقى، رايۇندىكى پۈتۈن تۈركىيەلىكلەرنى تەقىپ ئاستىغا ئالغانلىقى ۋە يەرلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىشىغا رۇخسەت قىلمىغانلىقى، 1925- يىلى 9- ئايدا بولسا قەشقەر دوتيىگە، ئەخمەت كامالنى ئۆز مەيلىچە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن باۋۇدۇن باينى قاتتىق جازالاشنى بۇيرىغانلىقى بايان قىلىنغان (ما، شۇ 2007: 25-32).

ئەخمەت كامال يەنە «ئۇلۇق دىن رىسالىسى» دېگەن ژورنالنى باستۇرۇپ، خەلققە تارقىتىپ، خەلقنىڭ دىنىي بىلىم ئېلىشىغا قولايلىق ياراتقان.

تۈركىيەدە ئۇنىڭ 9 كىتابى نەشىر قىلىنغان. بۇ كىتاپلار ئىچىدە 3 كىتاپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى سەرگۈزەشتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. بۇ كىتاپلاردا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مائارىپ سىستېمىسى، خەلقنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە مۇھىم ئۇچۇرلار مەۋجۇتتۇر.

### 3. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنبەلەردە ئەخمەت كامال بىلەن مۇناسىۋەتلىك تولۇق ياكى توغرا بېرىلمىگەن ئۇچۇرلار

1). ئەخمەت كامالنىڭ ھاياتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلمىگەن.

2). «مەمتىلى ئەپەندى» دېگەن كىتاپتا (سېيىت قاتارلىقلار 1997: 46) " بەزىلەر، ئەخمەت كامالنىڭ تۈركىيەگە قايتىپ كېتىشى ئۈچۈن، باۋۇدۇنباي ئۆز تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان دەپ يازغان" دېگەن ئۇچۇر مەۋجۇتتۇر. ئەمما بۇ بەزىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە نەدە شۇنداق يازغانلىقى توغرىلىق ئىزاھات بېرىلمىگەن.

3). «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» دېگەن كىتاپتا (تۆمۈر 1990: 189) "قەشقەرنىڭ دوتىيى ئەخمەت كامالنى قەپەزگە سولاپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن" دەپ يېزىلغان. ئەسلىدە ئەخمەت كامال ئۈرۈمچىگە چېرىكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتقا مىنىپ بارغان (ئىلقۇل 1955: 87).

4). شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن ۋاقتى ۋە پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغان يىلى توغرىلىق مۇنداق ئۇچۇرلار مەۋجۇتتۇر:

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»دىكى بەزى يازمىلاردا (نىياز 1984: 83- 84)، (سابىت 1993: 90)، «مەمتىلى ئەپەندى»دە (سېيىت قاتارلىقلار 1997: 33) ۋە «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۇچېرىكلار» دا (تالىپ 1996: 92) بۇ ۋاقىت "1907-يىلى" دەپ يېزىلغان.

«ئۆمۈر داستانى » دا (ئەزىزى 1990: 144) بۇ ۋاقىت ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، "1910-يىلى" غا ئىشارەت قىلىنغان.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»دىكى بەزى يازمىلاردا بۇ ۋاقىت " 1884 –يىلى" (دىيار 1996: 55)، " 1913-يىلى " (ئابدىرېھىم 1984: 96)، " 1916-يىلى" (ھاجى 1986: 9) دەپ يېزىلغان.

### 4. بۇ خىل خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇش سەۋەپلىرى

1). ئۇيغۇرلاردا زىيالىي قاتلىمىغا مەنسۇپ كىشىلەر، ئومۇمىي نوپۇسقا نىسبەتەن ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال، ئەۋلاتلارنىڭ، ئەجداتلىرىنىڭ خاتالىقلىرىدىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان تارىخىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ كەمچىللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا يېقىن زامان تارىخىدىكى ۋەقەلەرمۇ توغرا ۋە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن.

2). شەرقىي تۈركىستاندا ئورگىنال ماتېرىيال ۋە مەنبە كەمچىلدۇر. 20 - ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل سىياسىي ۋەقەلەردە، نۇرغۇن كىتاپ ماتېرىياللار كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئۆيلەردىن يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلەردىن باشقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسىنىڭ توشۇپ كېتىپ، يېڭى كىتاپ قويىدىغان يەر تەييارلاش ئۈچۈن كونا كىتاپلارنىڭ تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى بىلىمىز. تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ بىرەر ئورگىنال نۇسخىسىنىڭ ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلمىغىنىمۇ، بۇ يەردىكى ماتېرىياللارنىڭ تولۇق ساقلانمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋال، ئەڭ توغرا ئۇچۇرنى بېرىدىغان بىرىنجى قول ماتېرىيالغا ئېرىشەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

3). ئەخمەت كامال بىلەن مۇناسىۋەتلىك يۇقۇرىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتىغا قارايدىغان بولساق، 1984-يىلىدىن 1996-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرىمىز. ئەخمەت كامالنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىنىڭ 1914-1920 يىلى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالغاندا، ئارىدىن 60-70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تىلغا ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەخمەت كامال بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ياكى شۇ ۋەقەگە شاھىت بولالايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر، ھەرخىل سىياسىي ۋەقەلەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ئۆلۈپ كەتكەن. 1980 -يىلىدىن كېيىن بەزى كىشىلەر ئەسلىمىلىرىنى ئېلان قىلدۇرالىغان بولسىمۇ، شاھىتلارنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، ۋەقەلەرنىڭ ئۇنۇتۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن، مۇشۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان.

4).بۇ ئۇچۇرلار يېزىلغان مەنبەلەر نەشر قىلىنغان يىللاردا، شەرقىي تۈركىستان، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىبارەت ئون يىل داۋام قىلغان بىر چوڭ بۆھراندىن يېڭى قۇتۇلغان ئىدى. بۇ سىياسىي بۆھراندىن ئاۋۋال بولسۇن ياكى بۇ سىياسىي بۆھران مەزگىلىدە بولسۇن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىلىم-پەندىن ئۇزاقلاشتۇرۇلدى. كۈندىلىك ھايات، ھەرخىل ئىسمىدىكى سىياسىي تەشۋىقاتلارغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان قابىل كىشىلەرنىڭ سانى ئازلىدى. بۇ ئەھۋال، كۈچلۈك بىلىم ئاساسى بولمىغان بىر جەمىيەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ جەمىيەت ئەزالىرى، تارىخنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈش ئارزۇسىنى رىياللىققا ئايلاندۇرىدىغان پۇرسەت كەلگىنىگە شۈكۈر قىلىپ قولىغا قەلەم ئالدى. شۇڭا بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېزىش ۋە مۈمكىنقەدەر نەشر قىلدۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈش، يېزىلغانلارنىڭ ئىلمىيلىكىدىنمۇ، تارىخىي چىنلىقىدىنمۇ مۇھىم ئىدى.

5). ئەخمەت كامال توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار مەتبۇئاتلاردا يەر ئالغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش تېخى چەكلەنمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە ئۇيغۇرچە كىتاپ-ماتېرىياللار مەۋجۇت ئىدى. ئەمما

ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ تارىخى ۋە يېقىن زامان تارىخى قاتارلىق بىلىملەرنىڭ دەرس پروگراممىغا ۋە مۇناسىۋەتلىك دەرس كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، مۇئەللىم مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشىلەرنىڭ ئەخمەت كامال توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىش ئىمكانى بولمىغان.

6). خەققىنىڭ دىيىغا ئۇسۇل ئويناش خاھىشى، بۇ خىل خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەبتۇر. ئەخمەت كامالنىڭ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قەيەرگە سولىنىپ ئەۋەتىپ بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇر، ياڭ زېڭشىڭنىڭ ئۇتتۇقلىرىنى، كۆچىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىنسانلارنى قورقۇنچاق بولۇشقا ئۈندەيدىغان ۋە ئۈمىتسىزلىككە يۈزلەندۈرىدىغان پىتنە-پاساتلارنىڭ بىرىسىدۇر.

7). دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە، تۈزۈملىرىنى بىلمەسلىك ياكى بۇلارنى بۇرمىلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش. جۇڭگونىڭ قانۇن، قائىدە ۋە تۈزۈملىرىگە خىلاپ بولمىغان بەزى ئەسلىمە، ماقالە ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئېلان قىلىنىش پۇرسىتى بېرىلمىگەنلىكى مەلۇم (روزى 2012: 228، 234). دوتسېنت دوكتور ئىلھام توختى قايتا-قايتا تىلغا ئالغان ۋە مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن مەسىلىلەردىن بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇندا يېزىلغان ھەق-ھوقۇقلىرىنى بىلىشى ۋە بۇنى تەلەپ قىلىشى، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزىتىشى كېرەكلىكى ئىدى (توختى 2015: 100).

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقىدىغان، ھەممە نەرسىنى ''سەزگۈر مەسىلە''گە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، بىكاردىن بىكار قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان ئاھۋاللارمۇ مەۋجۇت. ئۇيغۇر خەلقى بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن قىيىن كۈنلەردىن يەكۈنلىگەن تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن، ئېھتىياتچان بولۇشنى ئادەت قىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. قورقۇنچاقلىق، خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. بولۇپمۇ ماددىي ئىمكانلاردىن ۋاز كېچەلمەيدىغانلارنىڭ جاسارىتىنى يوق قىلىپ، ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىكى ئاجىزلىققا باشلايدۇ. نەتىجىدە چەكلەنمىگەن ماتېرىياللارمۇ ئېلان قىلىنمايدۇ.

8). جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتى، توغرا ئۇچۇرلارغا ۋاقتىدا ئېرىشىشنى چەكلىگەن. چۈنكى جۇڭگو، تۈركىيەنى ۋە تۈركچىلىك ئىدىيەسىنى ئۆزىگە تەھدىت دەپ قارىغاچقا (ما، شۇ 2007: 22 )، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى ھەر زامان توسۇشقا تىرىشقان. شۇڭا ماتېرىياللارنىڭ، مەنبەلەرنىڭ ئۆز-ئارا پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ كەلگەن.

تور، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 2000-يىللاردا ئوممۇملاشقان. ئەمما مىللىي ھىس-تۇيغۇلارنى، ئۆزلۈك ئاڭنى كۈچلەندۈرىدىغان مەزمۇندىكى يازمىلار ۋە يازغۇچىلار، مۇشۇنداق مازمىلار ئېلان قىلىنغان تور بەتلىرى، ھەر زامان دەخلى-تەرۇزغا ئۇچراپ كەلگەن. پەقەتلا كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلارغا رۇخسەت بېرىلىدىغان تور باشقۇرۇش سىستېمىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئىمكان بەرمىگەن.

**5. بۇ خىل خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار**

1.) ئۇيغۇرلار ھەر بىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋە قەدىرلەپ، بىلىم ئېلىشى، ئۆزىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشى لازىم. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ كەسپىدە ئەڭ ياخشىسى بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن غەيرىتى بىلەن تىرىشىشى لازىم.

2.) ھەر كەسىپتە سەۋىيەلىك، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىلمىي ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى لازىم. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھازىرغىچە نۇرغۇن ئەمگەك قىلدى، بەزى كەسىپلەردە قىممەتلىك نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمما بۇلار يەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلار زامانىۋى مىللىي مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى، مىللىي مائارىپنىڭ، ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ كېلىچىكىگە ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەر كەسىپتە يېتىشكەن ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئەترابىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، ۋاقتى كەلگەندە ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ رەددىيە بېرەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئىستىيەلەيدىغان ۋە قوغدىيالايدىغان زىيالىيلار قوشۇنىغا ئىگە بولمايدىكەن، بۇ خىل خاتالىقلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

3.) ئەترابلىق تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىنىشى، پىكىر، كۆز قاراش ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ، ئىلمىي ئاساستا، قايىل قىلارلىق رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلىشى لازىم.

4.) مەسئۇلىيەتچان بولۇش لازىم. يازغان ئۇچۇرلارنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنى خاتا يولغا كىرگۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھاياجانغا ئەمەس، ئىلمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. بۇلار بولماس ئۆسەك سۆزلەرنىڭ تارقىتىلىش مەقسىدىنى ئويلۇشۇپ، شۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلىش لازىم.

5.) زىيالىيلار، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇرتقىسىدۇر، مېڭىسىدۇر. زىيالىيلارنى ۋە ئەمگىكىنى قەدىرلەش، قوللاش، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، دۇنيانىڭ قايسى جايىدا ياشىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا بىر تىلدا بىلىم ئېلىۋاتىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، يېڭى كۆز قاراشلىرىنى ئىلىم دۇنياسىغا باشقا بىر تىلدا بىلدۈرىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى ئانا تىلىدا قىلىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا پۈت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت، زېھىن، ئىقتىسات سەرىپ قىلىشقا مەجبۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەقىقىي، توغرا ئىلىمگە تولۇق ئىگە

بولۇش ۋە ئۇنى خەلقى، ۋەتىنى ئۈچۈن ئىشلىتىش مەقسىدىدە قىلىنغان پىداكارلىقتۇر. شۇڭا زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە كۈچلىنىشى ئۈچۈن، ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئىمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى پەرق ئېتىشى كېرەك.

6.) زىيالىيلار بىر بىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، پېشقەدەملەر ياشلارغا يول كۆرسىتىشى ۋە ياردەم قىلىشى لازىم. ياشلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشى لازىم.

7.) ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى، پەرقلىق دۆلەتلەردىكى زىيالىيلار ئىلىم توغرىلىق ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇشتا، نەشىر ئەپكارلىرىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى كېرەك. ئۇيغۇرلار قايسى دۆلەتتە ياشىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ غايىسى، نىشانى، مەقسىدى ئوخشاش. ھەممەيلەن ۋەتەنگە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش تەرەپتارى. شۇڭا بىرى يەنە بىرىنى ياراتمايدىغان، بىرى يەنە بىرىنى يەكلەيدىغان، بىرى يەنە بىرىدىن مەقسەتلىك ھالدا قۇسۇر تاپىدىغان ئىللەتلەردىن، مەنمەنچىلىكتىن قۇتۇلىشى لازىم. ئەمما بۇ، تەنقىدىي پىكىر بەرمەسلىك كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ۋەتەن سىرتىدىكىلەر ۋەتەن ئىچىدىكىلەرنىڭ، ۋەتەن ئىچىدىكىلەر چەتئەلدىكىلەرنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىگە مەتبۇئاتلاردا يەر بېرىشى، بىرى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا، يەنە بىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن پايدىلىنىشى لازىم. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ زىيالىيلىرىنى قەدىرلىمىسە، ئۇلارغا ئىگە چىقمىسا، ئۇلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىسە، باشقىلار تېخىمۇ قەدىرلىمەيدۇ ۋە تېخىمۇ چەتكە قاقىدۇ."كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۈنۈملۈكتە" دېگەن ماقال ئورۇنسىز ئېيتىلمىغان. پىكىر ئالماشتۇرغاندا، ئۇچۇرلاردىن، شۇ كەسىپ ۋە شۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغاندا، بۇ خىل خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**خۇلاسە**

ئەخمەت كامال ( 1889 – 1966 ) تۈركىيەلىك زىيالىيلارنىڭ بىرى بولۇپ، 1914-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن. ئاتۇشتا، ئەخمەت كامالنىڭ يېزىشچە «دارۇلمۇئەللىمىنى ئىنتىنھات» ، ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ يېزىشچە «ھەبىبزادە دارۇلمۇئەللىمىن مەكتىپى» ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە مۇدىر بولغان. بۇ مەكتەپ 20 -ئەسىر ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپىدۇر. ئەخمەت كامال، بىلىمگە تەشنا كۆڭۈللەردە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان، ئوقۇغۇچىلارنى مىللىي روھ بىلەن تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن، خەلققە قارىتا ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بىر مائارىپچىدۇر. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ بايراقدارى ، ئۈلگىسى ۋە سىمۋولى مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى، بىر مەزگىل ئەخمەت كامالنىڭ سىنىپىدا ئوقۇغان. ئەخمەت كامال جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە جەمئىي 6 يىل 4 ئاي تۇرغان بولۇپ، بۇ ۋاقتىنىڭ 2 يېرىم يىلى زىنداندا ئۆتكەن.

ئەخمەت كامال ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن ۋە 1980-يىلىدىن كېيىن، يەنى شەرت-شارائىت يار بەرگەندە، قىلغان ئەمگىكى بەزى ماقالىلاردا ۋە كىتاپلاردا تىلغا ئېلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈلگەن. لېكىن ئۇچۇرلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى ۋە بەزى ئۇچۇرلارنىڭ توغرا بېرىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، ھەم ئەخمەت كامالنىڭ ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ تارىخىدىكى ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن ھەم ھاياتى ۋە قىلغان ئەمگەكلىرى تولۇق ۋە توغرا بىلىنمىگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنبەلەردە بايقالغان ئەخمەت كامال توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇچۇر مالىمانچىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىر مىسالدۇر. بۇ مىسالدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇچۇر مالىمانچىلىقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبى ھەرخىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىۋاستە كونترول قىلالمايدىغان ياكى تاشقى ئامىل ھالىتىدە ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارمۇ مەۋجۇتتۇر.

21-ئەسىردە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ھەمبەھىرلەنگەن بارلىق ئۇچۇرلارغا تور ئارقىلىق خالىغان ۋاقىتتا خالىغان يەردە ئېرىشىش ئىمكانى ياراتقان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ سىياسىتى، ئۇيغۇرلارغا بۇنداق بىر ئىمكان بەرمىگەن. جۇڭگونىڭ ئۆزى ياراتقان ۋە دۆلەت ئىچىدە ئومۇملاشتۇرغان تورى ۋە تەقىپ قىلىش سېستىمىسى، ئۇچۇرلارنىڭ كىرىش چىقىشىنى توسۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىلىمنىڭ ئومۇمىيلىشىشىنى، خەلقئارالىششىنى، پايدىلىنىشچانلىقىنى ۋە ئېرىشىشچانلىقىنى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىتىۋاتىدۇ.

جۇڭگونىڭ بىر كۈنى ئىنساپقا كېلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مېھرى-شەپقەت ياغدۇرۇشىنى كۈتۈش، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىۋاتقان سىياسەتنىڭ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ خەۋىرى بولمىغان بىر سىياسەت ئىكەنلىكىگە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كومپارتىيە سېكرېتارى ئالماشسا ۋەزىيەتنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئۆز ئۆزىنى ئالداشتۇر. كومۇنىست پارتىيەنىڭ ئورنىغا باشقا بىر پارتىيە كەلسە شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا پۈتۈن ھەق-قوقۇقلىرىنى بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، تارىخنى بىلمىگەنلىك، ساددىلىق ۋە نادانلىقتۇر. چۈنكى ئەخمەت كامالنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى كەچۈرمىشلىرى، بۇ كىشى ھەققىدىكى تولۇق بولمىغان ياكى خاتا بېرىلگەن ئۇچۇرلار ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىنىڭ بىر پارتىيەنىڭ ياكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىنساپقا كېلىشى بىلەن ۋەياكى ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىپىك بىر مىسالدۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇچۇر مالىمانچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زاماننىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ستراتىگىيەلىك پىلان تۈزۈپ، پەرقلىق كەسىپلەردە تەسىر كۈچى بار زىيالىيلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ، قايىل قىلارلىق ۋە سالمىقى بار ئەمگەكلەرنى

ئوتتۇرىغا چىقىرىشى لازىم. تەسىر كۈچىگە ۋە مىللىي ھىس-تۇيغۇغا ئىگە زىيالىيلار قوشۇنى، دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىگەندىلا خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق، ئۈنۈملۈك تەرەققىياتلار مەيدانغا كېلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


ئابدىرېھىم، ش. (1984). ”قەشقەردە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا“ .«شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى» . س. 13، ب. 95-99 .

ئەزىزى، س. (1990). «ئۆمۈر داستانى ». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، ق:1 .

ئەكرەم، ئە. (2011). «چىنىن ئورتا ئاسيا پولىتىكالارى-راپور ». ئەنقەرە: غوجا ئەخمەت يەسەۋى خەلقئارالىق تۈرك-قازاق ئۇنىۋېرسىتېتى.

تالىپ، ئا. (1990). «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۇچىرىكلار» . ئۈرۈمچى: شىنجاڭ

خەلق نەشرىياتى.

توكەر، م. (2004). ” ئىسمائىل گاسپىرالى ۋە 'دىلدە بىرلىك' فىكرى ئۈزەرىنە“، «سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات ئاراشتىرمالارى» ژورنىلى. س. 16. ب. 32-45.

توختى، ئى. (2015). «يولۇم ۋە غايەم: ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە چىن مەسەلەسى». نەشرگە تەييارلىغان: ھامىت گۆكتۈرك. ئىستانبۇل: شىرا نەشرىياتى.

جېڭ، ف. (2003). ”پىڭ ياڭ زېڭشىن جى شىنشىچىدې مىنزۇ جېڭسې“ . «شىبېي دىئېر مىنزۇشۆ يۈەن» گېزىتى. س. 1، ب. 11-16.

داغچى، ك ۋە كەسكىن، م. (2013).” چىنىن دوغۇ تۈركىستان پولىتىكاسى ۋە ئازىنلىك ھاكلارى باغلامىندا ھاك ئىھلاللېرى “. «بارىش ئاراشتىرمالارى ۋە چاتىشما چۆزۈملېرى» ژورنىلى. س. 2، ب. 11-29.

دوۋيېر، ئا. (2005). «دې شىنجاڭ كونفلىت: ئۇيغۇر ئايدېنېتى لانگۇيچ پالىسى ئاند پلىرىكول دىسكورس ». پالىسي ستادىس 15. ئىس-تۇەس سەنېر ۋاشىنگتون.

دىيار، ئابدۇراھمان م. (1996). ”ئەنجۈر ماكانى مەرىپەت ئوچىقى تېجەن“، «شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى». س. 40، ب. 53-59.

روزى، ي. (2012). ”مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۈرىتىنى ئىزدەش“، « لاي قەلئەنىڭ سىرى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى.

رېن، يى ف ؛ ھوشۇر، ي. (2014). « ئۇيغۇرلار ». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى.

سابىت ، ئى. (1993). ” شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى-ھابىبزادە دارۇلمۇئاللىمىنى“، «شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى» .س. 34، ب. 89-91.

سېيىت، م؛ روزى، ي؛ زوردۇن، ئا. (1997). «مەمتىلى ئەپەندى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

قارلۇق، ئا. (2009) . ” ئۇيغۇر يېڭىلەشمە سۆرەجىندېكى ئىستانبۇل ئېكولۈ ۋە ئونۇن بازى تەمسىلجىلېرى ئۈزەرىنە “. «تۈرك كۈلتۈرۈ». ئەنقەرە: تۈرك كۈلتۈرۈ تەتقىقات ئېنستىتۇتى. س. 2009 -2، ب. 290-328.

ما ،دا ج. ؛ شۇ جىيەن ي. (2007). « ‹شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى ›خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى». ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، ئېلكىتاپ نۇسخىسى.

نىياز، ئى. (1984). ” ئاتۇش ناھىيە ئېكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان پەننى مائارىپىنىڭ دۇنياغا كېلىشى“ ، «شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى». س. 13، ب. 83- 94 .

ھاجى، ئا. (1986). ” 1933- يىلىدىن 1937- يىلىغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر“، «شىنجاڭ تارىخ ماتىرىياللىرى». س. 17، ب. 1-113.

ھەبىبزادە، ئەخمەت ك. (1925). «چىن تۈركىستان خاتىرالارى». ئىزمىر: مارىفەت باسىمخانىسى.

ئىلقۇل، ئەخمەت ك. (1955). «تۈركىستان ۋە چىن يوللارىندا ئۇنۇتۇلمايان خاتىرالار». ئىستانبۇل: زارىف ئىش باسىمخانىسى..

ئىلقۇل، ئەخمەت ك. (1962). « بىر يېتىمنى ھاياتى». ئىستانبۇل: ھامله باسمىخانىسى.

ئىلقۇل، ئەخمەت ك. (1997). « چىن تۈركىستان خاتىرالارى شاڭخەي خاتىرالارى». نەشرگە تەييارلىغان: يۇسۇف گېدىكلى. ئىستانبۇل: ئۆتۈكەن نەشرىياتى.

www.npc.gov.cn/npc/zfjc/ywjyf/2008-09/08/content_1452576.htm

(ئېرىشىش ۋاقتى: 2018-يىلى5-ئاينىڭ 24-كۈنى، 10:55)